UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

07.12.2020 – 29.11.2020


تەييارلىغۇچىلار : م. تەگرىقۇت
: نىجات تۇرغۇن
: مەمەتئىبلى مەمەتئېمىن
: نىجات مەمەت

تەھرىرلەر: : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: پاسبان



9 - سان
8/12/2020


https://www.uysi.org/ug/

## ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتى ھەپتىلىك تەرەققىياتى،
## ئانالىز ۋە تەۋسىيەلەر
## (7.12.2020 —29.11.2020)
**تەييارلىغۇچى: م. تەڭرىقۇت**

■ يېقىندا CNN، خۇبېي ئۆلكىسى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش مەركىزىدىن ۋۇخەن ۋىرۇسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ھەققىدە 117 بەتلىك بىر ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇ ھۆججەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋىرۇس ھەققىدە نۇرغۇن ئەمەلىي ئەھۋاللارنى يوشۇرغان ياكى يالغان دوكلات قىلغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتاي تەرەپ ئىزچىل ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خىتاينى ۋىرۇسنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى قەستەن يوشۇرغانلىقى ھەققىدىكى ئەيىبلەشلىرىنى رەت قىلىپ كەلگەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئەيىبلەشلەر توغرا چىققان.

قولغا چۈشۈرۈلگەن بۇ دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە:

1. خىتاي تەرەپ دۇنياغا ۋىرۇسنىڭ خەتىرىنى تۆۋەن قىلىپ كۆرسەتكەن.
2. ۋىرۇس باشلىنىپ 23 كۈنگىچە زادى قانداق كېسەللىك ئىكەنلىكى ھەققىدە دىياگنوز قويالمىغان ھەم دۇنياغىمۇ بىلدۈرمىگەن. لېكىن خىتاي ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابتا، ھۆكۈمەتنىڭ ۋىرۇسنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ ئاممىغا ئاشكارىلىغانلىقى ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانغانلىقى بايان قىلىنغان.
3. مەبلەغ يېتىشمەسلىك، ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىك ۋە ھۆكۈمەتنىڭ

بىپەرۋالىقى ۋە بىيۇروكراتىك چىرىكلىكى سەۋەبىدىن ۋىرۇسنى بالدۇر بايقاش ۋە مەلۇم قىلىش مەغلۇپ بولغان.

4. 2019ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ بىشىدىلا ۋۇخەندە زور كۆلەملىك زۇكام ئەۋج ئالغان. لېكىن بۇ ئەھۋال سىرتتىن مەخپىي تۇتۇلغان.

5. ۋىرۇسلانغۇچىلار ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئاز مەلۇم قىلىنغان. 2020ـ يىلى 2ـ ئايدا ختاي ھۆكۈمەت تەرەپ پۈتۈن دۆلەتتە 2478 يۇقۇملانغۇچىنى مەلۇم قىلغان. ھالبۇكى، ھۆججەتتە دىيىلىشىچە، پەقەت خۇبېي ئۆلكىسىدىلا (شۇ ئايدا) 5918 يېڭى يۇقۇملانغۇچى بولغان.

6. ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش يىچاڭ ۋە شىيەننىڭ شەھەرلىرىدە ئەڭ شىددەتلىك بولغان. ۋۇخەندىن بولسا 3ـ ئورۇندا بولغان.[1]

■ 12ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنى ئامېرىكانىڭ ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقات مەركىزى «ختاي ھۆكۈمىتى ۋىرۇس پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان خەلقئارا ئاتموسفېرادا دىپلوماتىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئۈستۈنلۈك قولغا كەلتۈرەلەمدۇ؟» دىگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇنازىرە پىروگراممىسى ئېلىپ بارغان. پىروگراممىغا چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى مۇدىرى پىروفېسسور يەن شۆتۇڭ ۋە پىرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىدىن پىروفېسسور ئەرىن فرىدبىرگ قاتناشقان بولۇپ، ختاينىڭ باشتا بۇ ۋىرۇسنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى تەرەپكە خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ لېكىن ئاخىرىدا بۇنىڭ ئەكس تەسىر كۆرسەتكەنلىكى سۆزلەپ ئۆتۈلگەن، شۇنداقلا ختاينىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ

[1] Nick Paton Walsh, “Leaked documents reveal China’s mishandling of the early stages of Covid-19”, CNN, 01.12.2020. https://edition.cnn.com/2020/11/30/asia/wuhan-china-covid-intl/index.html


«ۋىرۇس دىپلوماتىيەسى» ئېلىپ بارالمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خىتاي پىروفېسسور يەن شۈتۇڭ بىر كۆرۈرمەننىڭ خىتاي مېدىيالىرىدا ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىتالىيە ۋە ئامېرىكا تەرەپلەرنىڭ كۆرسىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە: «بۇ دۆلەت تەرەپتىن بېرىلگەن بايانات ئەمەس، مېدىيالارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باياناتى، خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ ھەقتە ھېچنىمە دەپ باقمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. (لېكىن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇيرۇقىسىز بۇنداق زىل مەسىلىلەردە خىتاي مىدىيالىرىنىڭ ھېچقانداق بايانات ئېلان قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم). ئۇ يەنە بۇ ۋىرۇسنىڭ زادى قەيەردىن كەلگەنلىكىنىڭ ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەسلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشنى ئىلىم - پەن خادىملارىغا تاپشۇرغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلىم- پەنە ۋە قارارىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. خىتاي پىروفېسسور يەنە ترامپنىڭ ئىلىم - پەنگە ئىشەنمەيدىغان جېدەلخور بىرى ئىكەنلىكىنمۇ تىلغا ئالدى. بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكىلىق پروفسسور ئەرىن فرىدبېرگ، بۇ ھەقتە خىتاي تەرەپتە ھەقىقەتەن گۇمانلىق تەرەپلەرنىڭ بار ئىكەنلىكى، ھازىرغىچە مۇستەقىل تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ خىتايغا كىرىپ بۇ ۋىرۇس ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا يول قويماي ۋاتقانلىقىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆرۈپ تۇرۋاتقانلىقى شۇڭا بۇنىڭغا ئىلىم - پەنگە ئىشىنىپ ئۇلارغا ھاۋالە قىلدى دەپ ياسالمىلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى تەكىتلىدى.


ئاخىرىدا ئەگەر خىتاي تەرەپ ۋىرۇسنى دىپلوماتىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇپ خەلقئارالىق كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلسا شۇنداقلا «بۆرە دىپلوماتىيەسى» نى داۋاملاشتۇرسا بۇنىڭ بىلەن مەقسەت قىلسا بۇنىڭ ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، خىتاينىڭ

تېخىمۇ كۈچلۈك تەنقىدكە ئۇچرايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.[2]

■ ۋۇخەن ۋىرۇسىنىڭ ۋاكسىنىسىدىكى تەرەققىياتلارنى دۇنيا تۆت كۆز بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھازىرغىچە بىئونتېك & پفىزىر، مودېرنا، ئاسترا زېنېكا& ئوكسفورد ۋە گامالىيا قاتارلىق تۆت خىل ۋاكسىنانىڭ رەسمىي سىناقتىن ئۆتكەنلىكى ئېلان قىلىندى. يەنە 6 شىركەتنىڭ ۋاكسىنىسىنىڭ نەتىجىسى چىقىشقا ئاز قالغان بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە بىر رۇسىيەنىڭ ۋە ئىككى خىتاينىڭ ۋاكسىنىسى بار. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە شۇنداقلا ھەر قايسى دۆلەتلەر ئەڭ كۆپ زاكاز قىلغىنى زېنېكا& ئوكسفوردتىن ئىبارەت. بۇ ۋاكسىنىنىڭ باھاسىمۇ 4ـ6 دوللار ئارىسىدا بولۇپ ئەڭ ئەرزان ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا.




[2] CSIS, “Online Event: China’s Power: Up for Debate 2020 - Debate 3”, CSIS, 03.12.2020. https://www.youtube.com/watch?v=7_kAGp3F45c




ۋاكسىنا چىقار چىقماي زاكازلار باشلىنىپ كەتكەن، ھەتتا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر زاكاز قىلىشتا كېيىن قالغانلىقى سەۋەبىدىن خىتاينىڭ ۋە رۇسىيەنىڭ ۋاكسىنىللىرىنى زاكاز قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ب ب س نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، تۈركىيە بۇ سەۋەبتىن خىتاينىڭ ۋاكسىنىسىنى ئېلىش مەجبۇرىيىتىدە قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قايسى ۋاكسىنىدىن قانچىلىك ئالغانلىقىنى كۆرستىلگەن.

(كېيىنكى بەتكە قاراڭ)

**Üç aşıyı hangi ülkeler sipariş etti?** (milyon doz)

| | BIONTECH Pfizer | moderna | UNIVERSITY OF OXFORD AstraZeneca | Toplam |
|---|---|---|---|---|
| *Hindistan* | 0 | 0 | 500 | 500 |
| *AB* | 300 | 0 | 400 | 700 |
| *ABD* | 100 | 100 | 500 | 700 |
| *Kanada* | 20 | 56 | 20 | 96 |
| *Birleşik Krallık* | 40 | 5 | 100 | 145 |
| *Japonya* | 120 | 50 | 120 | 290 |
| *Endonezya* | 0 | 0 | 100 | 100 |
| *Brezilya* | 0 | 0 | 100 | 100 |
| *Meksika* | 15,5 | 0 | 77,4 | 92,9 |
| *Avustralya* | 10 | 0 | 33,8 | 43,8 |
| *Şili* | 10 | 0 | 14,4 | 24,4 |
| *Mısır* | 0 | 0 | 30 | 30 |
| *Arjantin* | 0 | 0 | 22 | 22 |
| *Peru* | 9,9 | 0 | 0 | 9,9 |
| *Ekvador* | 2 | 0 | 5 | 7 |
| *İsviçre* | 0 | 4,5 | 0 | 4,5 |
| *Kosta Rika* | 3 | 0 | 0 | 3 |
| *Yeni Zelanda* | 1,5 | 0 | 0 | 1,5 |

Kaynak: Quartz BBC

تۈركىيە 50 مىليون خىتاي ۋاكسىنىسى ئالغاندىن سىرت يەنە پفىزىر دىن 12 ـ ئايدا بىر مىليون، كېيىنچە يەنە 25 مىليون ۋاكسىنا ئۈچۈن كۆرۈشكەن ۋە باشقا شىركەتلەر بىلەنمۇ بۇ ھەقتە ئالاقىدە بولۇپ كەلمەكتە.[3] لېكىن خىتاي شىركىتىدىن باشقىسىدىن ھازىرغىچە ئېنىق جاۋاب كەلمىگەن.

[3] BBC, “Koronavirüs aşısı için yarış: Aşı siparişlerinde hangi ülke ne durumda?”, BBC,02.12.2020 https://www.bbc.com/turkce/haberler-dunya-55159199

■ ناتونىڭ يېڭىدىن ئېلان قىلغان «ناتو 2030» ناملىق دوكلاتىدا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت، ئېنېرگىيە ۋە مەبلەغ سەرپ قىلىپ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ خىتايدىن كېلىدىغان بىخەتەرلىك تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا چاقىردى. دوكلاتتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىنى بىر بىرى بىلەن ئورتاقلاشقان ھالدا يېڭىچە بىرلىك ھاسىل قىلىپ رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ ئۇلارغا قارشى بىرلىششىنى نازارەت قىلىشى تەۋسىيە قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە ناتو ئەزالىرىنىڭ ئىچكى سىياسەتلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارنىڭ رۇسىيە ۋە خىتايغا ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئوخشىماسلىقلاردىن پايدىلىنىپ بەزى ئەزا دۆلەتلەرگە سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق ناتونىڭ كوللېكتىپ مەنپەئەتى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

1. ناتو ئەزالىرى خىتاينىڭ تەرەپىنىڭ خاككىرلىق ھۇجۇمىغا، پەن-تېخنىكا ئوغورلۇقىغا ۋە يالغان ئۇچۇرلارنىڭ ھوجۇملىرىغا ئۇچراپ كەلمەكتە. (ۋىرۇس ھەققىدىكى يالغان مەلۇماتلارمۇ ئىچىدە).
2. خىتاي «بىر بەلباغ بىر يول»، «قۇتۇپ يىپەك يولى» ۋە «ئىنتېرنېت يىپەك يولى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلىرى بىلەن شۇنداقلا ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردا ئۇل مۇئەسسەسە ئەسلىھەلىرىگە (پورت، زېمىن ۋە تۆمۈر يوللارنى دېمەكچى) ئىگە بولۇش ئارقىلىق كۈچىنى كېڭەيتمەكتە ۋە ھېس قىلدۇرماقتا.
3. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىرلىككە كەلگەن بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە خىتاي بىلەن بولغان بارلىق بىخەتەرلىك مەنپەئەتلىرىنى بۇ گەۋدە ئاستىدا مۇزاكىرە قىلىشى لازىم.

4. خىتاينىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى ۋە بىشارىتىنى ئۆلچەش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ كۈچ ئاجرىتىشى لازىم.

5. خىتاينىڭ ناتونىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىكى، ئەسكىرى ئىقتىدارى ۋە قارشى تۇرۇش كۈچىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ۋە مۇداپىئەلىنىش كېرەك.

6. خىتاي كۆپلىگەن ئىتتىپاقداشلار ئۈچۈن ھەم ئىقتىسادىي رىقابەتچى ھەم غايەت زور ئىقتىسادىي ھەمكارلاشقۇچى. شۇڭا ئۇ پەقەتلا ئىقتىسادىي رىقابەتچى ياكى رايونلۇق كۈچ دەپ قارالماسلىقى، ئەكسىچە پۈتۈن ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېما خاراكتېرلىك رىقابەتچى دەپ قارىلىشى لازىم.

7. خىتاي بىلەن ئىككى تەرەپلىك دىئالوگ ۋە «بىر بەلباغ بىر يول» قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۇچرىشىشلار ئېلىپ بارغاندا ناتونىڭ بىرلىكىنى قوغداش پرىنسىپى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

8. خىتاي بىلەن سۆھبەت ۋە دىئالوگنى ئۇچۇق تۇتۇش، ھەمكارلىق ساھەلىرىدە ھەمكارلىشىش. ناتونىڭ خىتاي خەلقى بىلەن زىددىيەتلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ۋە قىلۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھازىرقى خىتاي دۆلىتىنىڭ نىيەتلىرىگە قايتۇرلغان مۇداپىئە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش.[4]

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ ناتو ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە جەدەلخور رۇسىيەنىڭ رىقابەت سىستېمىسىغا قايتىپ كېلىشى بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغان بىر ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت مۇھىتىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا ماس بولغان تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ ئېلىنىشى كېرەكلىكى

[4] NATO, “NATO 2030” North Atlantic Treaty Organization, 01.12.2020. https://www.nato.int/cps/en/natohq/176155.htm

تەۋسىيە قىلىنغان.  بۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ يېقىندىن بۇيان قوشنىللىرى بىلەن بولغان مەسىلىلەردە ئەسكىرى كۈچ ئىشلىتىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاش ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىن تەھدىت سېلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كىلىۋاتقانلىقى ۋە يېقىن كەلگۈسىدە ناتونىڭ كوللېكتىپ قارشىلىق كۈچىگە، ھالقىلىق ساھەلەرنى قوغداش قابىلىيىتىگە، 5 گ قاتارلىق يېڭى تېخنىكلارنى باشقۇرۇشىغا ۋە ئىقتىسادىنىڭ نازۇك سېكتورلىرىنى قوغداش ئىقتىدارى قاتارلىقلارغا تەھدىت شەكىللەندۈردىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنە ئۇزۇن مەزگىلدە خىتاينىڭ ھەربىي كۈچىنى دۇنيا مىقياسىدا ئاشۇرۇپ ئاتلانتىك ئوكيانلارغىچە كېڭەيتىشىنىڭ ئېھتىماللىقى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

خىتاي تەرەپ بۇ دوكلاتقا ئىنكاس قايتۇرغان بولۇپ، ناتۇنىڭ خىتاي تەھدىدىنى ئۆزلىرىنىڭ كاللىسىدا كۆپتۈرۈۋالغانلىقىنى، خىتاينىڭ ئانچە-مۇنچە ھەربىي مانېۋىرلارغا قاتنىشىپ قويغاندىن سىرت ناتونىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ باقمىغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ ئەزەلدىن تىنچلىق بىلەن تەرەققىي قىلىش پىرىنسىپىنى تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمۇ بۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈرۈپ: «ناتو خىتاينىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تەھدىت دەپ كۆرمەي، ئەقلىي ئۇسۇل بىلەن قارىشى لازىم» دېگەن.[5]

■ خىتاي تەرەپ بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە كېلىشىگە تەييارلىق قىلىش ۋە بۇنىڭغا قارىتا قارشى تەدبىرلەرنى ئېلىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتكەن. ئۆتكەن ھەپتە خىتاي ئۆچۈن ئىنتايىن ئالدىراش دىپلوماتىك  ھەپتە بولغان بولۇپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ياپونىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق

[5] Gloria Methri, “ NATO report terms China a threat to Euro-Atlantic security; Beijing says “victim paranoia””, Republic World, 06.12.2020.   https://www.republicworld.com/amp/world-news/rest-of-the-world-news/nato-report-terms-china-a-threat-to-euro-atlantic-security-beijing-says-victim-paranoia.html

رايون ۋە دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك ئۇچرىششلاردا بولغان. خىتاينىڭ گەرچە بۇ دۆلەتلەر بىلەن بەزى جەھەتلەردە زىدىيەتلىرى بولسىمۇ، خىتاي ۋىرۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەرشارىۋى ئىقتىسادىي كرىزىس خىتاي ئۈچۈن ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىشتا بەزى توسالغۇلارنى بىكار قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىش مۇمكىن. خىتاي تەرەپنىڭ قارىشىچە، بايدېننىڭ ترامپنىڭ سىياسىتىنى داۋام قىلدۇرۇش ئېھتىماللىقىمۇ بولغاچقا يۇقىرىقى ئۈچ رايون بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇ ھەقتە تاشقى سىياسەت ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلغان ساۋشىن ئىسىملىك خىتاي ئانالىزچى ناۋادا خىتاي بىلەن ئامېرىكا بىر بىرى بىلەن بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن تەقدىردىمۇ، خىتاي بۇ ئۈچ رايون بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىسىلا يەنىلا چوڭ چاتاق چىقمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خىتاي ئانالىزچى يەنە بۇ خىل مۇھىتنى يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئېيتقان دىپلوماتىيە جەھەتتىن «تۆت تەرەپكە ھۇجۇم قىلماسلىق» سۆزىنى ئېسىدە ساقلاش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. [6]

■ ئاۋستىرالىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرسىدىكى دىپلوماتىك سۈركىلىش خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار باياناتچىسى جاۋلىجيەننىڭ، ئاۋستىرالىيە ئەسكىرىنىڭ ئافغانىستانلىق ئۆسمۈرنىڭ گېلىغا پىچاق تەڭلىگەن رەسىمنى ئۆز تىۋىتتېر ھېساۋىدا ئېلان قىلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىققان. جاۋ لىجيەن تىۋىتتېر ھېساۋىدا مۇنداق دەپ يازغان:

*ئاۋستىرالىيە ئەسكىرىنىڭ ئافغانىستان خەلقى ۋە مەھبۇسلىرىنى ئۆلتۈرۈشىدىن چۆچۈش كېرەك. بىز بۇ خىل قىلمىشلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىمىز ۋە ئۇلارنى بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا چاقىرىمىز.*

[6] 曹辛,” 中国在为拜登就任进行全球布局准备” ,Foreign Policy, 29.11.2020. http://www.ftchinese.com/story/001090411?adchannelID=&full=y

جاۋ لىجىيەننىڭ تىۋىتىرىغا چىقارغان رەسمىي كىرىشتۈرۈلگەن رەسىم بولۇپ، ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرى سكوت موررىسسىن بۇ تىۋىتىر «  » دەپ تەنقىد قىلغان ۋە خىتاي تەرەپتىن بۇ ھەقتە كەچۈرۈم سوراشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتىكى باياناتىدا مۇنداق دېگەن:

*بۇ كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈردىغان بىر ئىش. بۇ يالغان خەۋەر خىتاي دۆلىتىنىڭ رەسمىي مېدىيا ھېسابىدا ئېلان قىلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تىۋىتىر ئۈچۈن نومۇس قىلىشى كېرەك. بۇ تىۋىتىر ئۇلارنى دۇنيانىڭ نەزىرىدىن چۈشۈردى. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىدىن كەچۈرۈم سورىشىنى، بۇ تىۋىتىرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىشىنى تەلەپ قىلىمىز شۇنداقلا دەرھال بىر تەرەپ قىلىشقا چاقىرىمىز.* [7]

خىتاي يەر شارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ مۇخبىرى، خىتاي كومىست پارتىيسىنىڭ ئاكتىپ ھىمايىچىسى خۇشىجىن، كەچۈرۈم سوراشنى تەلەپ قىلىش ھەم بىمەنىلىك ھەم نۇمۇسسىزلىق، دەپ ئىنكاس قايتۇرغان.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن (ASPI) مايكىل شوبىرج بۇنىڭغا قارىتا: «بۇ بىر ئوغرىنىڭ ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن (پوكەيدە) ئالغان نەرسىللىرىگە پۇلى كەملەپ قالغان بىرىنى كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش بىر ئىش» دەپ ئىنكاس قايتۇرغان. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى دېگەن :

*بۇ تىۋىتىر پەقەت خىتاينىڭ ئېيتقان سۆزى ۋە قىلغان ھەركىتىنىڭ بىر-بىرى بىلەن نەقەدەر ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دۇنيا خەلقىنىڭ ئاۋستىرالىيە ئەسكەرلىرىنىڭ 39 قېتىملىق قانۇنسىز ئۆلتۈرۈش قىلمىشىنى بىلەلىشىنىڭ سەۋەبى ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات گۇرۇپپىسى*

[7] Sky News, “ Chinese communist regime has ‘disgraced itself’ for the entire world to see”,30.11.2020. https://www.youtube.com/watch?v=3OgwlwyiRY8

*تۇرغـۇزۇپ 480 بەتلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلىپ، بۇ جىنايەتنى ئىشلىگەنلەرنى سوتقا ئېلىپ چىققانلىقى سەۋەبىدىن بولدى. مانا بۇ ئىككى هۆكۈمەتنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىدۇ.*

*خىتايدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن مەخپىي هۆججەتلەر ۋە سۇئىي ھەمراھ خەرىتىلىرىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە خۇڭكۇڭلۇقلارغا ھەر كۈنى قانداق زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقى ۋە لاگېرلارنىڭ كۆلىمىنىڭ قانداق كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ ۋە بۇنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ.* [8]

بۇ ھەقتە ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچى، ئۇيغۇر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ (Uyghur Revival) قۇرغۇچىسى ئارسلان ھىدايەت ئۆزىنىڭ تەشۋىقات ۋە پائالىيەت پەشتاختىسى بولغان Talk East Turkistan قانىلىدا 10 نەچچە مىنۇتلۇق ۋىدىئو ئېلان قىلىپ، خىتاي تەرەپنىڭ باياناتىنى ئاساسسىز، مەنتىقسىز ۋە نومۇسسىزلىق دەپ ئاتىغان. ئۇ يەنە، ئۆزىنىڭ ۋە ئاۋستىرالىيەلىكلەرنىڭ ئاۋستىرالىيە ئەسكىرىنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىپلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە خىتاي تەرەپتىن قاچان ئۇيغۇرلارغا ھەركۈنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشىنى ئەيىپلەيدىغانلىقىنى سورىغان.[9] ئارسلان پۈتۈن ۋىدىئودا خىتاي تەرەپنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك ئەمەس ئىككى يۈزلىمچى، ساختىپەز ۋە دىكتاتۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

■ بۇنىڭدىن باشقا، ترامپ هۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەندىن كەلگەن پاختىلارنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى بىكار قىلىش قارارى سەۋەبلىك ئامېرىكا ۋە خىتاي سىياسەتچىلىرى ئارىسىدىمۇ كەسكىن تىۋىتتېر جېڭى بولغان. ئامېرىكىلىق

[8] Katie Burgess, Lucy Bladen, " Chinese digitally altered picture of soldier 'repugnant': Scott Morrison", The Canberra Time, 30.11.2020 https://www.canberratimes.com.au/story/7034039/pm-shocked-by-chinese-govts-repugnant-digitally-altered-image/

[9] Arslan Hidayet, "China should stop meddling in Australia's "Internal Affairs'", TET,30.11.2020. https://www.youtube.com/watch?v=91YKf7fAebk

سېناتور مارشا بىلەكبرىن (ئايال) بۇ پاختىلار ئۇيغۇرلارنى قۇل قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ نەتىجىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارنى قىزغىن قوللىغان ۋە رەھمەت ئېيتقان.  مارشا تىۋىتتېردا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن يەنە «خىتاينىڭ 5000 يىللىق يالغان سۆزلەش ۋە ئوغرىلىق قىلىش تارىخى بار» دەپ بىر تىۋىتتېر ئاتقان. بۇنىڭغا قارىتا خىتاي دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى China Daily ياۋروپا تارمىقىنىڭ مەسئۇلى چېن ۋېيخۇا جاۋاب قايتۇرۇپ: «بۇ ھاياتىمدا كۆرگەن ئەڭ ئىرقچى ۋە دۆت سېناتور، ئۆمۈرلۈك جالاپ» دېگەن. سېناتور مارشا بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

*چىن، سەن پەقەت شى جىنپىڭنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان «خىتاي چۈشى» خام خىيالى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر قورچاق. تىيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغىچە كوممۇنىست خىتاي (ئۆزلىرىنىڭ) خەلقىنى قىرغىن قىلىشنىڭ پىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئامېرىكا كومۇنىستلارنىڭ باندىتلەرچە قىلمىشلىرىغا بويسۇن ئەگمەيدۇ.*[10]

بۇ «جەڭ»گە يەنە ماركو رۇبىئومۇ داخىل بولغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش تارتىش دۇنيادىكى داڭلىق مېدىيالارنىڭ خەۋەر تېمىسىغا ئايلانغان.

■ خىتاي تەرەپ شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلار ھەققىدە بىر بايانات ئېلان قىلغان بولۇپ بۇنىڭدا: «سۈنئىي ھەمراھ خەرىتىللىرىدىن پايدىلىنىپ لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىش بىمەنىلىك ۋە كىشىنى قايمۇقتۇرۇش

[10] Naina Bharwaj, “Tennessee senator slurs China for cheating and stealing, and top Chinese journalist calls her a ‘lifetime b----’”,Business Insider, 04.12.2020.  https://www.businessinsider.com/tennessee-senator-called-lifetime-bitch-by-top-chinese-journalist-2020-12

خاراكتېرگە ئىگە» دېگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بايانatچىسى ئېلىجان ئانايىت ASPI قاتارلىق تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ تىپىپ چىققان لاگېرلىرىنىڭ لاگېر ئەمەس پەقەت ھۆكۈمەت بىنالىرى ۋە باشقا مەمۇرىي ئىدارە- ئورگانلار، دەپ بايانات ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە «ASPI غا ئوخشاش ئاتالمىش مۇستەقىل تەتقىقات مەركەزلىرى ئاكادېمىك ئورگان ئەمەس بەلكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان قورالى» دېگەن.[11]

■ ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى 4- دېكابىر بايانات ئېلان قىلىپ، «تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ خىتاي مائارىپ زىيارىتى پىروگراممىسى»، «خىتاي ئامېرىكا دوستلۇق پىروگراممىسى»، «خىتاي-ئامېرىكا رەھبەرلىك مۇزاكىرىلىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش پىروگراممىسى»، «خىتاي- ئامېرىكا تىنچ ئوكيان ھالقىغان ئالماشتۇرۇش پىروگراممىسى» ۋە «شياڭگاڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت پىروگراممىسى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش خىل پىروگراممىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈردى. فىرانسىيە تاراتقۇلىرى بۇ بەش پىلاننىڭ ئاخىرلىشىشى دونالد ترامپ ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئەڭ يېڭى ئىپادىسى دەپ باھا بەرگەن. شياڭگاڭ ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئۇسۇلنى تەنقىد قىلغان.

باياناتنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئامېرىكا تەرەپ مونۇلارنى بىلدۈرگەن :

*گەرچە ئوتتۇرا شەرق بىلەن ئافرىقا ئىقتىسادىي جەمئىيىتى قوللىغان باشقا پىروگراممىلار ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقى بەش*

[11] Cui jia, Ma Weihua, “Use of Xinjiang satellite images ‘misleading’”, China Daily (Hongkong), 30.11.2020. https://www.chinadailyhk.com/article/150924

*پروگراممىنى خىتاي ھۆكۈمىتى يۇمشاق كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قورالى سۈپىتىدە تولۇق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى زىيارەت قىلىش ھوقۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەمما سۆز ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالمىغان جۇڭگو خەلقىنى تەمىنلىمەيدۇ. ئامېرىكا مەدەنىيەت پروگراممىلىرىنىڭ جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ۋە جۇڭگو خەلقى بىلەن ئۆز-ئارا ۋە ئادىل ئالماشتۇرۇشىنى قارشى ئالىدۇ، ئەمما بۇ خىل تاق يۆنىلىشلىك پروگراممىلار ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ.*[12]

## ھەپتىلىك تەرەققىياتلار ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز

بۇ ھەپتىدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەققىياتلار:

1. خىتاينىڭ يالغانچىلىقىغا ئائىت «ۋۇخەن دوكلاتى» نىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلىنىشى؛
2. ئاۋستىرالىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يىرىكلىشىش؛
3. ناتونىڭ يېڭى ئىستراتېگىيە دوكلاتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ۋۇخەن دوكلاتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ «ۋىرۇس دىپلوماتىيىسى» نىڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نە قەدەر يالغانچى ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق ئىسپاتىدۇر ۋە ھەرقانداق دۆلەت، تەشكىلات ۋە ئورگان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغانچىلىقى ھەققىدە ئوتتۇرىغا

[12] 颜 瑾 晨，“美 国 取 消 五 项 中 美 文 化 交 流 计 划　西 媒 发 声 港 府 驳 斥”，DWnews,06.12.2020. https://www.dwnews.com/%E5%85%A8%E7%90%83/60221490/%E7%BE%8E%E5%9B%BD%E5%8F%96%E6%B6%88%E4%BA%94%E9%A1%B9%E4%B8%AD%E7%BE%8E%E6%96%87%E5%8C%96%E4%BA%A4%E6%B5%81%E8%AE%A1%E5%88%92%E8%A5%BF%E5%AA%92%E5%8F%91%E5%A3%B0%E6%B8%AF%E5%BA%9C%E9%A9%B3%E6%96%A5

تارتىپ ئېلىپ چىقالايدىغان نەرسىدۇر. شۇڭا بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەھمىيىتى ۋە رولىنى بىلىش لازىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خىتاي ئىقتىسادى كۈچەيدىن باشقا يۇمشاق كۈچلىرىنى يوقۇتۇپ ماڭماقتا.

بۇنىڭدىن سىرت ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە دۆڭگەپ بېقىشى، مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنى خىتايغا كىرگۈزمەسلىكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم ۋە تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقى ۋە بۇلار بىلەن بولدى قىلماي بۇ ھەقتە گەپ قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسگە قوپاللىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشى خىتاينىڭ نۇرغۇنلىغان ئاجىزلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. (خىتاي ئەلۋەتتە بۇجەرياندا ئىشەنچ ۋە ئىناۋىتىنى يوقىتىپ ماڭماقتا). خىتاي ھازىرقى ۋەزىيەتتە بۇلارنى قىلالىغان بىلەن ئامېرىكىغا يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەندە ۋە دۇنيا ۋىرۇسنىڭ ئەندىشىسىدىن قۇتۇلغاندا يۇقىرىقى يالغانچىلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرالىشى قىيىن.

ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ ئوخشاش بولمىغان تەتقىقات مەركەزلىرىدىن يېڭى - يېڭى دوكلاتلارنىڭ چىقىشى ۋە بۇ دوكلاتلارنىڭ ھەممىسىدە خىتايغا قارشى چەكلەش ئېلىپ بېرىشنىڭ تەكىتلىنىشى خىتاينىڭ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ ۋە دىمكراتىك ئەللەرنىڭ كۈچلۈك جەڭ ئېلان قىلىشىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئالدىمىزدىكى بىر نەچچە يىلدا يېڭى بىر دۇنيا شەكىللىنىشى مۇمكىن ۋە بۇ يېڭى دۇنيا سىياسىتىگە قارىتا يېڭىچە تەييارلىقلىرىمىز بولۇشى لازىم.

## قىسقىچە تەۋسىيە

1. CNN تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن خىتاينىڭ ۋىرۇس ھەققىدىكى يالغانچىلىقىنى ئىسپات قىلىپ تۇرۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان

زۇلۇمى ۋە خەلقئارا سەھنىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك گەپلىرىنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ چوڭ يالغانچىلىقنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى شۇنداقلا خىتاي كومىنىست پارتىيەسىنىڭ بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھەققىدىكى گەپلىرىگە قەتئىي ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى خەلقئاراغا كۆرسىتىش. مۇھىم يىغىنلاردا خىتاينىڭ ۋىرۇس ھەققىدىكى يالغانچىلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ يەنە ئوخشاش يالغانچىلىقلارنى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

2. خىتايلار ئويلىغاندەك شەرقىي ئاسىيا تەرەپتە خىتاي كۈچلۈك ئىقتىسادى ۋە دىپلوماتىيە كۈچىگە ئىگە بولسا يەنىلا چوڭ زەربىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا پائالىيەتلەرنى بۇ رايوندىكى ياپونىيە، كورېيە، ھىندونېزىيە، مالايسىيا ھەتتا ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش.

3. خىتاي خەلقئارا سەھنىدە توختىماي تىنچلىقنى تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى، باشقا دۆلەت ۋە توپلۇملارنىڭ ئىدولوگىيەسى بىلەن ھىسابلاشمايدىغانلىقىنى توختىماي سۆزلەپ كېلىۋاتقان بىر پەيتتە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك جەھەتتىن خىتايلاردىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى دۇنياغا ياخشى ئاڭلىتىش لازىم.

4. ھەرقايسى تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە پائالىيەتچىلەر سىياسىي ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئەتراپىدا ئاكادېمىك ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللىشى ۋە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى لازىم.

# ختاي بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، مۇلاھىزە ۋە تەۋسىيەلەر

## (6.12.2020 —29.11.2020)

**نىجات تۇرغۇن**

1. ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى Vera Jourova باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئارىلىشىش ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئەركىن سايلام، مۇستەقىل مەتبۇئاتلارنى قوغداش ۋە يالغان ئۇچۇر (disinformation) تارقىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىر جازا قانۇنىنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ختاي ۋە رۇسىيە بۇ جازا قانۇنى مەقسەت قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قاتارىدا ئىكەن.[13]

## مۇلاھىزە:

رۇسىيە ۋە ختاينىڭ تەسىر قىلىش، ئارىلىشىش ۋە يالغان ئۇچۇر تارقىتىش قاتارلىق پائالىيەتلىرى ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان غەرب ئەللىرىدە تىلغا ئېلىپ كېلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلمىغان ئىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇنىڭغا قارشى قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق قارشىلىققا ئۆتۈشى بىر تەرەپتىن ئۆز خەلقىنىڭ ئۇچۇر ئەركىنلىكى ۋە دۆلەتلىرىنىڭ دېموكراتىك سىستېمىسىنى قوغداش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ختاي ۋە رۇسىيەگە ئوخشاش چەتئەل

[13] Eszter Zalan."EU Commission plans sanctions on disinformation".EUobserver. 4.12.20. https://euobserver.com/political/150279

كۆچلىرىنىڭ تەسىر قىلىش، ئارىلىشىش ۋە يالغان ئۇچۇر تارقىتىش قىلمىشلىرىغا قارىتا قانۇنلۇق جازالاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشتۇر.

2. ھىندىستان بىلەن خىتاينىڭ نېپالدىكى رىقابىتى كۆنسېرى ئېشىپ بارماقتا. نېپال ئىچكى سىياسىتى داۋالغۇشقا ئۇچراۋاتقان بىر مەزگىلدە، ھۆكۈمەتنىڭ COVID-19 نى ياخشى كونترول قىلالمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن نېپالدا كېسەللىك ۋە چىرىكلىك ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ خىتاي بىلەن ھىندىستان ھەرئىككىسىنىڭ نېپالغا قىزىقىشى ئېشىۋاتقان ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقان بىر مەزگىل بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ھەربىي گېنىراللىرى نېپالنى زىيارەت قىلغان.[14]

## مۇلاھىزە:

نېپالنىڭ جىئو-ئىستراتېگىيەلىك مۇھىملىقى تۈپەيلى ھىندىستان ۋە خىتاي نېپال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشى تۇتۇشقا تىرىشىپ كەلمەكتە. مەيلى ھىندىستان ياكى خىتاي بولسۇن، نېپالدا قارشى تەرەپنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. نېپال بولسا بۇ ئەۋزەللىكتىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا سىياسىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا تىرىشىپ كەلمەكتە. نېپال سىياسىتىدىكى دەۋالغۇش ۋە COVID-19 سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەن بوشلۇقلار ھەم ھىندىستان، ھەم خىتاي ئۈچۈن پۇرسەت بولماقتا ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت خىتاي بىلەن ھىندىستاننىڭ نېپالدىكى رىقابىتىنىڭ ئالدىمىزدىكى مەزگىلدە داۋاملىق تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە.

[14] Hari Bansh Jha. ''Sino-Indian rivalry in Nepal". ObserverReasearchFoundation. 5.12.20. https://www.orfonline.org/expert-speak/sino-indian-rivalry-in-nepal/

3. خىتاي ئافرىقا دۆلەتلىرىگە قەرز بېرىشتە ئېھتىياتچان بولماقتا.

COVID_19 مەزگىلىدە شەكىللەنگەن ئىقتىسادى بېسىم سەۋەبىدىن، خىتاي ئافرىقادىكى يېڭى يىپەك يولى پىلانىغا بېرىلىدىغان قەرزلەرنى بىرئاز تىزگىنلىگەن. خىتاي  يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە تاشقى سىياسىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئافرىقا قىتئەسىنىڭ پورت، تۆمۈر يول، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ۋە سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشىغا مىلياردلارچە مەبلەغ سالغان (148مىليارد دوللار2018_2000). ئەمما ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى ئىقتىسادى كىرىزىس خىتايغا بولغان قەرزنى قايتۇرۇشتا قىيىنچىلىق پەيدا قىلماقتا ئىكەن. كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دېيىشىچە، خىتاي گەرچە قەرز بېرىشتە ئېھتىياتچان بولسىمۇ، ئافرىقادىكى قەرزگە ئېھتىياجى بولغان دۆلەتلەرگە قەرز بېرىشنى داۋام قىلىشى مۇمكىن.[15]

## مۇلاھىزە:

خىتاي گەرچە ئافرىقا دۆلەتلىرىگە قەرز بېرىشتە ئېھتىياتچان بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ خىتاي ئۈچۈن ئافرىقادا تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىدىغان، تېخىمۇ كۆپ ئېنېرگىيە مەنبەلىرىگە ئىگە بولىدىغان ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنى قەرز دىپلوماتىيەسى ئارقىلىق ئۆزىگە تېخىمۇ بېقىندى قىلىدىغان بىر ياخشى پۇرسەتتۇر. تىجارەت ئارقىلىق ئۆز - ئارا بىر - بىرگە بېقىنىش ۋە بىرلىكتە گۈللىنىش  بۈگۈنكى خىتاي بىلەن ئافرىقا مۇناسىۋىتىدە تەگىپۇڭلۇقنى يوقاتقان بولۇپ، يىللاردىن بېرى غەربنىڭ قاتتىق ئېكسپولاتاتسىيەسى ۋە مۇستەملىكىسىگە  ئۇچرىغان ئافرىقا بۈگۈن خىتاي مەبلىغى ۋە قەرزنى بىكارلىق تاماق ئورنىدا كۆرۈۋاتىدۇ ۋە خىتاينىڭ ئافرىقادىكى تەسىرى ۋە مەنپەئەتىمۇ كۈنسېرى ئېشىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ ئامېرىكا بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ ئافرىقادىكى تەسىر دائىرىسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يېڭى

[15] Jevans Nyabiage. ''China turns cautious on lending to Africa amid default crisis fears". SouthChinaMorningPost.29.11.20 https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3111760/china-turns-cautious-lending-africa-amid-default-crisis-fears

پىلان لايىھەسى تۈزۈۋاتىدۇ.[16]

4. رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ ھەمكارلىقى داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە. رۇسىيە ۋە خىتاينىڭ بىرلىكتە ئاشكارىلىشىچە، ئىككى تەرەپ ئالەم بوشلۇقى تەتقىقاتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تېخنولوگىيەلەردە ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىش توختامى تۈزگەن. مۇلاھىزىچىلەر ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىدا رۇسىيە خىتاينىڭ تەتقىقات مەبلىغىگە موھتاج بولسا، خىتاي بۇ ساھەدە رۇسىيەنىڭ ئىلغار تېخنولوگىيەسىگە ئېھتىياجلىق ئىكەن. خىتاينىڭ ھەربىي ئىشلار ئوبزورچىسى ۋە سابىق ھەربىي ئوقۇتقۇچى سوڭ جوڭپىڭ ئىككى تەرەپنىڭ بۇ ساھەدىكى ھەمكارلىقىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقىدا يېتەكچى كۈچ رولىغا رىقابەت شەكىللەندۈرۈش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى، يەنە ھەربىي ۋە پۇقراۋى قوش ئىشلىتىش تېخنىكىسىغا چېتىلىدىغان ئالەم پىروگراممىلىرى ۋە خىتاي - رۇسىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي سانائىتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[17]

## مۇلاھىزە:

رۇسىيە بىلەن خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ھەمكارلىق ساھەلىرىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا ۋە ئەندىشىسىنى ئاشۇرماقتا. ئالەم بوشلۇقى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ھەمكارلىق رۇسىيە ۋە خىتاي تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئېھتىياجلىرىنى قامداۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىككى تەرەپتە بىر - بىرىگە نىسبەتەن يەنىلا ئىشەنمەسلىك مەۋجۇت. رۇسىيە ۋە خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىگە قەدەم قويۇش ئېھتىمالىنىڭ ئىمكانسىز

[16] Michelle Gavin. ‘’The United States and Europe Should Work Together to Promote a Prosperous Africa”. CouncilonForeignRelation. 3.12.20. https://www.cfr.org/blog/united-states-and-europe-should-work-together-promote-prosperous-africa

[17] Minnie Chan. ‘’China-Russia space cooperation: another small step in Beijing’s pursuit of US?”. SouthChinaMorningPost. 4.12.20 . https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3112471/china-russia-space-cooperation-another-small-step-beijings

ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. غەربنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە رۇسىيەگە يۈرگۈزگەن ئەمبارگونى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى رۇسىيەنىڭ خىتايغا زىيادە يېقىنلىششى ۋە تىجارەت ساھەسىدە بېقىندى بولۇشىنى ئاستىلىتىشى مۇمكىن. كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان خىتاينىڭ رۇسىيەگە ئىككىنچى سىنىپ دۆلەت مۇئامىلىسى قىلىش ئېھتىماللىقى ۋە رۇسىيەنىڭ ئارقا هويلىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا رۇسىيەنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىشىنىڭ كەلگۈسىدە رۇسىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىراقلىششىغا سەۋەب بولۇش ئېھتىماللىمۇ بار.

## تەۋسىيەلەر:

خەلقارادا شەكىللىنىۋاتقان ۋەزىيەتلەر شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتچىلىك زېھنىيىتىدىن دۆلەتچىلىك زېھنىيىتىگە ۋە پائالىيەتچىلىكتىن ئىلمىي سىياسەت دەۋرىگە ئۆتۈشىنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا.( دr ئەركىن ئەكرەم). خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ ۋە يارىتىلغان پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، خىتاي بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ساھەلەردە قارشىلىشىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن سىياسىي ۋە دىپلوماتىك ئالاقىدە بولۇش ۋە شۇ دۆلەتلەردە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئاساسىنى سېلىش نۆۋەتتىكى زۆرۈر خىزمەتتۇر.

# خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى، مۇلاھىزە ۋە تەكلىپلەر
# (7.12.2020 —29.11.2020)
## مەمەتئېلى مەمەتئېمىن

■ 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭدا «ئارمىيەدىكى سىياسىي خىزمەت نىزامى» ، «خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى بىرلىك سەپ خىزمەت نىزامى» ۋە «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش نىزامى» غا قاراپ چىقىش يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق باشقۇرۇش ھوقۇقى، ئارمىيە ئىچىدىكى سىياسىي خىزمەتنىڭ كۈچەيتىلىشى، شى جىنپىڭ باشلىق خىتاي مەركەز ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى قاتارلىقلار خىزمەت نىزامى سۈپىتىدە تەكىتلەندى. بۇنىڭدىن باشقا، بىرلىك سەپ خىزمەت نىزامىنىڭ رەسمىيلەشتۈرۈلۈش، خىزمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنداقلا خىتاي كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقىنى تونۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[18]

### مۇلاھىزە:

[18]中共中央政治局召开会议审议《军队政治工作条例》《中国共产党统一战线工作条例》和《中国共产党党员权利保障条例》中共中央总书记习近平主持会议、新华网、2020年11月30日、 http://www.xinhuanet.com/politics/leaders/2020-11/30/c_1126804150.htm

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن خىتاي كومپارتىيەسى پۈتۈن ساھەلەردە پارتىيەنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى كۈچەيتىش ۋە قوغداشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنى قوغداش، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئارمىيە، ئىقتىساد، شەخسىي كارخانا، پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە كومپارتىيەنىڭ باشقۇرۇشىنى تەكىتلەپ، كومپارتىيەنىڭ باشقۇرۇشىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى، كومپارتىيەنىڭ ھەممە نەرسىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە بۇ ئورگانلاردا كومپارتىيەنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك قىلىشىنى كۈچەيتمەكتە. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئىسمى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەزەلدىن بىرى كوممۇنىست پارتىيەنىڭ ئارمىيەسى. ماۋ نىڭ «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ» دېگەن مەنتىقىسى بويىچە خىتاي كومپارتىيەسى ئەزەلدىن ئارمىيەنى كونترول قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. يېقىندىن بۇيان ئامېرىكا بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ كۈچىيىشى، تەيۋەن مەسىلىسى، چېگرا توقۇنۇشلىرى، خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن تۈپەيلى ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئارمىيەگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىۋاتىدۇ.

«خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى بىرلىك سەپ بۆلۈمى» خىتاينىڭ مۇھىم ئورگانلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئورگان 1937- يىلى 12- ئايدا بىرلىكتە ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، ۋۇخەندە مەخسۇس كوممۇنىست خىتايغا ۋاكالىتەن گومىنداڭ بىلەن مۇزاكىرە قىلىش، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش پىلانى تۈزۈش ئۈچۈن بىر ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1939- يىلى «مەركەزنىڭ شەھەردە خىزمەت قىلىش بۆلۈمى» نامىدا رەسمىي قۇرۇلدى ۋە جاسۇسلۇق خىزمىتىگە باشلىدى. 1945 تىن 1949 غىچە گومىنداڭ رايونىدا جاسۇسلۇق قىلىش، كومپارتىيەنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىش، باشقا پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

1948 ـ يىلى «مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1979 ـ يىلى دىك شىياۋ پىڭ بۇ ئورگاننى قايتىدىن رەتلەپ چىقتى[19].

ئۇ تارىختىن كېيىن مەزكۇر ئورگاننىڭ ھوقۇقى ۋە خىزمەت دائىرىسى بارا ـ بارا زورىيىپ كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورگانلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئورگان ئىچىدە مەخسۇس شەرقىي تۈركىستانغا مەسئۇل بىر بۆلۈم تەسىس قىلدى. ھازىر مەزكۇر ئورگاندا 9 بۆلۈم تۆۋەندىكى شەكىلدە خىزمەت قىلىدۇ:

1. پارتىيە خىزمەت بۆلۈمى: كوممۇنىست پارتىيەدىن باشقا پارتىيەلەر ۋە پارتىيەسىز ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش، ئۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىش، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى مەركەزگە يوللاش.
2. ئاز سانلىق مىللەت ۋە دىنىي ئىشلار خىزمەت بۆلۈمى: مىللىي ۋە دىنىي خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق يېتەكچى پىكىر ۋە سىياسەت مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىش؛ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش ۋە تەۋسىيە قىلىشىغا ياردەم بېرىش؛ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ دالاي لاما قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى« بۆلگۈنچى» «دۈشمەن كۈچلەر» بىلەن بولغان كۆرەشكە يېقىندىن ماسلىشىش.
3. خوڭكوڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەلدىكى ئالاقىدار تەشكىلاتلار ۋە ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش بۆلۈمى: خوڭكوڭ، ئاۋمېن ۋە چەت ئەلدىكى ئالاقىدار تەشكىلاتلار ۋە ۋەكىللەر

[19]<本部介绍>、 中央统战部网站、 2010年12月10日、 http://www.zytzb.gov.cn/bbjs.jhtml

بىلەن ئالاقىلىشىش؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ خوڭكوڭ ۋە ئاۋمېندىكى سىياسىتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرىش؛ تەيۋەنلىكلەر ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەش. چەت ئەلدىكى خىتايلارنى كومپارتىيەگە سادىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

4. كادىرلار بۆلۈمى: بۇ بۆلۈم بىرلىك سەپ ئۈچۈن كادىرلارنى تەربىيەلەش ۋە جاسۇس يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى قىلىدۇ.
5. ئىقتىسادىي بۆلۈم: بۇ بۆلۈم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئارقىدا قالغان رايونلاردا ساداقەتمەنلىك يېتىشتۈرۈش خىزمىتى قىلىدۇ.
6. پارتىيە سىرتىدىكى كىشىلەر ۋە پارتىيە ئەزاسى بولمىغان بىلىم ئىنسانلار بۆلۈمى: پارتىيە سىرتىدىكى كىشىلەر ۋە پارتىيە ئەزاسى بولمىغان بىلىم ئىنسانلارنى كۆزىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي ساداقەتمەنلىك يېتىلدۈرۈش.
7. تىبەت خىزمىتى بۆلۈمى: «تىبەت بۆلگۈنچىلىرىنى» ۋە دالاي لامانى توسۇش، ئۇلار ھەققىدە ئۇچۇر ئىگىلەش، تىبەتنىڭ تەرەققىياتىنى تەشۋىق قىلىش.
8. يېڭى ئىجتىمائىي سىنىپ خىزمەت ئىدارىسى: خىتايدىكى ئوتتۇرا سىنىپنى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەسىر كۈچى بار ئىنسانلارنى كۆزىتىش، ئۇلارغا كومپارتىيەگە ساداقەتمەنلىك خىزمىتى ئىشلەش.
9. شەرقىي تۈركىستان بۆلۈمى: شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ «ساداقىتىنى» ئېنىقلاش، «بۆلگۈنچىلىك» ھەرىكەتلىرىنى توسۇش، ساداقەتمەنلىك تەشۋىقاتى قىلىش[20].

[20] James Kynge, Lucy Hornby, Jamil Anderlini “Inside China’s secret ‘magic weapon’ for worldwide influence”, Financial Times, 27.10.2017, https://www.ft.com/content/fb2b3934-b004-11e7-beba-5521c713abf4

يەنى، خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدا، پۈتۈن ساھە ۋە مىللەت ئىچىدە جاسۇسلۇق قىلىش، ئۇچۇر توپلاش ،ھەرقانداق «ئىشەنچسىز» دەپ قارالغان كىشى، تەشكىلات،پائالىيەتلەرنى نازارەت قىلىش، ئالغان ئۇچۇرلىرى ۋە ۋەزىيەتكە قارىتا خىتاينىڭ مىللەت ۋە دىن سىياسىتى بەلگىلەشكە ماسلىشىش،كومپارتىيەنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلماقتا. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كومپارتىيەنىڭ مەخسۇس جاسۇسلۇق ئورگىنى دېيىشكە بولىدۇ.

يېقىندىن بۇيان بۇ ئورگاننىڭ تېخىمۇ ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىشى، چەتئەلدىكى تەسىرىنىڭ ئېشىشى ۋە جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئامېرىكا باشلىق خىتاينىڭ رەقىبلىرى ۋە غەرب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. 12- ئاينىڭ 4- كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى مايك پومپېئو رەسمىي بايانات ئېلان قىلىپ «خىتاي بىرلىك سەپ بۆلۈمى» ئەزالىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلىدى[21].

پۈتۈن بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قارايدىغان بولساق خىتاي كومپارتىيەسى پۈتۈن ساھەلەردە ئۆز تەسىرىنى كۈچلەندۈرۈش، كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىيلىقىنى تەكىتلەش، ھوقۇقنى شى جىنپىڭغا يىغىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن شى جىنپىڭنىڭ خىرىسنى نامايان قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پۈتۈن ھوقۇقلارنىڭ شى نىڭ قولىغا توپلىنىشى ئەسلىدە خىتاي كومپارتىيەسى ئۈچۈن خەتەرلىك بىر ئىش. شەخسنىڭ خاھىشى، خاراكتېرى، شەخسىيەتچىلىكى نۇرغۇن ۋاقىتتا ئەقلىي، ئەتراپلىق قارار ئېلىشنى چەكلەش بىلەن بىرگە كوممۇنىست پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى كۈچلەندۈرۈشى

[21] Michael R. Pompeo, “U.S. Imposes Sanctions on People’s Republic of China Officials Engaged in Coercive Influence Activities”, United States Department of State, 04.12.2020, https://www.state.gov/u-s-imposes-sanctions-on-peoples-republic-of-china-officials-engaged-in-coercive-influence-activities/

مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۆلگەندە كېلىپ چىقىدىغان ھوقۇق بوشلۇقى خىتاينىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىققا يول ئېچىشى مۇمكىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خىتايمۇ بىر شەكىلدە ئۆز پۇتىغا پالتا چېپىۋاتىدۇ، ئەمما بىز «تەييار» مۇ؟

■ خوڭكوڭ مەسىلىسى

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، خۇاڭ جىفېڭ (黄之锋)، لىن لاڭيەن (林朗彦)، جوۋ تىڭ (周庭) قاتارلىق خوڭكوڭ دېموكراتىك ھەرىكەت باشلامچىلىرى ئۆتكەن يىلقى نامايىشتا خوڭكوڭ ساقچى ئىدارىسىنى قورشاش ھەرىكىتىگە باشلامچىلىق قىلغان دېگەن نام بىلەن خوڭكوڭدا سوتلىنىپ ئايرىم ئايرىم ھالدا 13 يېرىم ئاي، 7 ئاي، 10 ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى[22]. بۇ ھۆكۈم، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ تەنقىدلىرىگە سەۋەب بولدى[23].

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خوڭكوڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق مەمۇرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نى دېچۇەن (聂德权) ئىككىنچى چېسلا بارلىق مەمۇرلارنىڭ ئاساسىي قانۇننى قوغداش ئۈچۈن قەسەم بېرىشى ياكى خوڭكوڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا سادىق بولۇش ۋە خوڭكوڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەتكە مەسئۇل بولۇش ھەققىدىكى خىتابنامىگە ئىمزا قويۇشى

[22]<黄之锋等3名 “港独” 分子被判刑并即时入狱>、 新华网、2020年12月02日、 http://www.xinhuanet.com/2020-12/02/c_1126813723.htm

[23] Foreign, Commonwealth & Development Office The Rt Hon Dominic Raab , “ Sentencing of 3 Hong Kong activists: Foreign Secretary’s statement”, Gov.UK, 02.12.2020, https://www.gov.uk/government/news/foreign-secretary-statement-following-the-sentencing-of-three-hong-kong activists#:~:text=Foreign%20Secretary%20Dominic%20Raab%20said,Hong%20Kong%20must%20be%20upheld; Mıchael R. POMPEO, “On the Political Persecution of Hong Kong Democracy Advocates”, United States Department of State ,03.12.2020, https://www.state.gov/on-the-political-persecution-of-hong-kong-democracy-advocates/

كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. نى دېچۇەن ئەگەر مەمۇرلار بۇنىڭغا ئىمزا قويمىسا ياكى قەسەم بەرمىسە مەمۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتتە ئىشلەش سالاھىيىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى[24].

## مۇلاھىزە:

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خوڭكوڭ مەسىلىسى خىتاينىڭ ئەڭ كۆپ بېشىنى ئاغرىتقان مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ كونسېرى تېخىمۇ مۇستەبىتلىشىشى بىلەن خوڭكوڭدىكى دېموكراتىك چۈشەنچە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

ئۆتكەن يىلقى دېموكراتىيە ھەرىكىتى خىتاينى چۆچۈتتى. خىتاينىڭ مۇستەبىت چۈشەنچىلىرىگە تامامەن زىت بولغان چۈشەنچىلەر ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىغا يېيىلسا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە قانۇنىيلىق ئورنى خەتەرگە دۇچ كېلەتتى. بۇ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر ئالدىنى ئالمىسا بولمايدىغان «خەتەر» ئىدى. بۇ بەلكىم خىتاينىڭ خەلقئارادىكى نارازىلىق، ئەيىبلەش ۋە ئىناۋىتىنىڭ تۆكۈلۈشىگە پىسەنت قىلماي خوڭكوڭدا « دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنى»نى چىقىرىشى،ئالدىنقى ئاي خوڭكوڭ قانۇن تۈرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ 4 ئەزاسىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىشى ۋە ئاخىرىدا خىتاينىڭ «كۆزدىن كېيىن ھېساب سوراش» ئەنئەنىسى بويىچە خۇۋاڭ جىفىڭ قاتارلىقلارنى جازالىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

بېيجىڭنىڭ مەيداندىن تۇرۇپ ئېيتقاندا، خوڭكوڭنىڭ خىتاي ۋە ئاسىيا

[24]<香港将要求现职公务员一次性宣誓或签署声明拥护香港基本法和效忠香港特区>、新华网、 2020年12月02日、 http://www.xinhuanet.com/2020-12/02/c_1126813764.htm

پـۇل ـ مۇئامىلـە ساھەسـىدىكى ئورنـى ۋە تەسـىرىنىڭ ئاجىزلىششـى بىلـەن ،خوڭكوڭنىڭ خىتايغا ئىلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي پايدىسىغا قارىغانـدا دۆلـەت بىخەتەرلىككـە بولغان يوشۇرۇن خەۋپـى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. شۇڭا «بىـر دۆلەتتـە ئىككى خىل تـۈزۈم» سىياسـىتىنى «بىـر دۆلەتتـە بىـر خىـل تۈزۈم»گـە ئۆزگەرتـىش قەدىمىنـى تېزلەتتـى. بولۇپمـۇ 2019 ـ يىلىنـىڭ ئوتتۇرىسـىدا باشلانغان كـەڭ كۆلەملىك نامايىـش بېيجىڭنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشـگە تۈرتكـە بولـدى.

بايدىنىنىـڭ پىرىزدېنـت سـايلىمىدا غەلىبـە قىلىشـى، ياۋروپا دۆلەتلىرىـدە ئامېرىـكا ـ ياۋروپا مۇناسـىۋىتىگە قارىتا ئۈمىـد پەيـدا قىلـدى. غـەرب دۆلەتلىـرى خىتاينىـڭ سىياسـىي مەدەنىيىتـى شـۇنداقلا ئىنسـان ھەقلىـرى، باراۋەرلىـك، ئەركىنلىـك قاتارلىـق قىممەت قاراشـلىرى، دېموكراتىيەگە بولغان پوزىتسىيەسـىنى تېخىمـۇ ئېنىـق تونـۇپ يېتىشـكە باشـلىدى. خىتاينـى بـۇ قىممـەت قاراشـلارنى قوبـۇل قىلغۇزۇشـنىڭ ئانچە مۇمكـىن بولمايدىغانلىقىنـى ھېـس قىلىشـقا شـۇنداقلا خىتايغا قارىتا تاكتىكىسـىنى ئۆزگەرتىشكە باشـلىدى. يېقىندىـن بۇيـان ئامېرىـكا دۆلـەت ئىشـلىرى مىنىسـتىرلىكى، ئامېرىـكا مەجلىسـى، ياۋروپـا ئىتتىپاقـى، شـىمالىي ئاتلانتىـك ئەھـدى تەشـكىلاتى ۋە بـەزى ئەقـىل ئامبارلىرىنىـڭ چىقارغان دوكلاتلىرىدىنمـۇ بـۇ ئۆزگىرىشـنى كۆرۈۋالغىلـى بولىـدۇ. بـۇ ئۆزگىرىشـلەر شـەرقىي تۈركىسـتان داۋاسـى ئۈچـۈن مۇھىـم بىـر پۇرسـەت دېيىشـكە بولىـدۇ.

■ خىتاينىڭ ئېكسپورتنى كونترول قىلىش قانۇنى

2020 ـ يىلـى 10 ـ ئاينىـڭ 17 ـ كۈنـى ماقۇللانغـان خىتاينىـڭ «ئېكسـپورتنى

كونترول قىلىش قانۇنى»[25] 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي يولغا قويۇلدى[26].

49 ماددىدىن تۈزۈلگەن بۇ قانۇندا كۆرسىتىلىشىچە، كونترول قىلىنىدىغان تۈرلەر «قوش ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار، ھەربىي مەھسۇلاتلار، يادرو ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك باشقا قوراللار، تېخنىكا، مۇلازىمەت قاتارلىقلار ۋە خەلقئارادا كېڭەيتمەسلىك بەلگىلەنگەن كونترول قىلىنىدىغان بۇيۇملار، تېخنىكىلىق ئۇچۇر قاتارلىق تۈرلەرگە مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلار»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جازاسى توغرۇلۇق: «ئەگەر ئېكسپورت تىجارەتچىسى ئالاقىدار كونترول قىلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ ئېكسپورت سودا سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى توختىتىش، قانۇنسىز كىرىمنى مۇسادىرە قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ. قانۇنسىز سودا ئوبوروتى 500 مىڭ يۈەندىن ئاشقان بولسا، قانۇنسىز سودا ئوبوروتىنىڭ بەش ھەسسىدىن يۇقىرى، ئون ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قانۇنسىز سودا سوممىسى 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولسا، 500 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، ئەمما 5 مىليون يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ بېكىتىلدى. يەنە «خىتاي كونترول قىلىنىدىغان بۇيۇملارنى ئېكسپورت قىلىش ئىجازەت سىستېمىسىنى يولغا قويىدۇ، ئېكسپورت قىلغۇچىلار كونترول تىزىملىكىدە ياكى ۋاقىتلىق كونترول ئاستىدا كۆرسىتىلگەن بۇيۇملارنى ئېكسپورت قىلىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشى كېرەك» دەپ بېكىتتى [27].

## مۇلاھىزە:

[25] <出口管制法三审通过 今年12月1日起施行> 、新华网、2020年10月17日、 http://www.xinhuanet.com/2020-10/17/c_1126624399.htm
[26] <十二月起，这些新规将影响你我生活>、中国政府网、2020年11月28日、 http://www.gov.cn/fuwu/2020-11/28/content_5565606.htm
[27] <中华人民共和国出口管制法>、 新华网、2020年10月18日、 http://www.xinhuanet.com/2020-10/18/c_1126624518.htm

2017- يىلى لايىھەسى سۇنۇلغان ۋە بۇ يىل 10- ئايدا ماقۇللانغان بۇ قانۇن، ئامېرىكانىڭ خۇاۋېي، جوڭ شىڭ، تىك توك قاتارلىق تېخنىكىلىق خىتاي شىركەتلىرىنى چەكلىشكە بولغان ئىنكاس دەپ قارالماقتا. خىتاينىڭ بۇ قەدىمى ئامېرىكا - خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەت ئۇرۇشىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىشى مۇمكىن.

قانۇن رەسمىي يولغا قويۇلغان بولسىمۇ چەكلىنىدىغان ياكى كونترول قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تىزىملىكى تېخى ئېلان قىلىنمىدى. خىتاينىڭ بۇ يېڭى ئېكسپورت كونترول قىلىش قانۇنىنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنى يەنىلا كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنى «جازالايدىغان» ياكى قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدىغان يېڭى ۋاستىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئېكسپورتنى كونترول قىلىش قانۇنى خىتاي - ياۋروپا مۇناسىۋىتى ۋە خىتايدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ياۋروپا شىركەتلىرىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

## تەكلىپ – تەۋسىيە

1. پۇتىن بۇ تەرەققىياتلارغا قارايدىغان بولساق خىتاينىڭ بىلەن غەرب بولغان زىددىيىتى كۈنسېرى كەسكىنلەشمەكتە. خىتاي ئىچىدىكى قاتتىق سىياسەتمۇ دۆلەت ئىچىدە ئېغىر بىخەتەرلىك تەھدىتى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرى بىرلىشىپ خىتايغا تاقابىل تۇرسا خىتايدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى كۈندىن كۈنگە تېز ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئىزچىل كۆزىتىپ پۇتىن مۇمكىنچىلىكلەرگە قارىتا تەييارلىق قىلىشى كېرەك.

2. بىرلىك سەپ، ئىشلەپ چىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى قاتارلىق نامىلىرى ئارقىلىق ۋەزىپىسى پەردازلانغان ئورگانلار ھەققىدە ماقالە ۋە دوكلاتلار يېزىلىپ بۇ ئورگانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، مۇستەملىكە پائالىيەتلىرىدىكى رولى تەپسىلىي يورۇتۇلۇشى ۋە خەلقئارادا تېخىمۇ كۆپ جازاغا ئۇچرىشى ئۈچۈن كۈچەش كېرەك.

## شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيتى، مۇلاھىزە ۋە تەكلىپلەر

## (7.12.2020 —29.11.2020)

**نىجات مەمەت**

**■ خىتاي دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسى تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك سەددىچىن سېپىلى نۇقتىلىق بۆلەكلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى.** [28]

بىرىنچى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك سەددىچىن سېپىلى مۇھىم نۇقتىلىق بۆلەكلىرىنىڭ شەكىللىنىشى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى، ئۇزۇن سەپەر قاتارلىق مۇھىم، زور تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولغان ھەمدە مەدەنىيەت مەنزىرىسى تىپىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ۋەكىل خاراكتېرلىك بۆلەك، چېگرا ئۆتكىلىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان مۇھىم جاي، مۇھىم تۈرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، جەمئىي 83 بۆلەك/ جاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[29] .

[28]<国家文物局关于印发第一批国家级长城重要点段名单的通知>, 文物保发〔2020〕36号, 2020-11-26. http://www.ncha.gov.cn/art/2020/11/26/art_2318_44254.html

[29] شىنجاڭدىكى تۆت جايدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى خارابىسى «دۆلەت دەرىجىسى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، شىنجاڭ گېزىتى، 2020\12\01
http://uy.xjdaily.com.cn/system/2020/12/01/036525096.shtml

ختاي دائىرىلىرى دۆلەت دەرىجىلىك سەددىچىن سېپىلى نۇقتىلىق بۆلەكلىرى ئىسمىلىكىگە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە دەپ قارىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى چېگرا قورغىنى ھەم تۇر خارابىسىنى كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۆشۈك تۇرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىياق قۇدۇق تۇرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىزىلقاغا تۇرى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مازار تاغ چېگرا قورغىنىدۇر.

تۇر قەدىمكى زاماندىكى ھەربىي خەۋەر يەتكۈزىدىغان بىرخىل ئەسلىھە بولۇپ، بۇ ئەسلىھە ئارقىلىق كەچتە ئوت يېقىپ گۈلخان ھاسىل قىلىپ، كۈندۈزى ئىس قويۇپ بېرىپ خەۋەر يەتكۈزۈلىدۇ. تۆشۈك تۇر خارابىسى بىلەن قىياق قۇدۇق تۇر خارابىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا جايلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆشۈك تۇر خارابىسى لوپنۇر ناھىيەسى گۈلباغ يېزىسى شىگدى كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى» 34 - تۇەن چوڭچۆكبۇيا زاۋۇتىنىڭ غەربىي شىمالىغا 27.5 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇرۇق تاغ ئالدىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندە بەلباغدىكى بىر قۇرۇپ كەتكەن دەريا يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چۆللۈكتە. قىياق قۇدۇق تۇرى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 90 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئورنى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چۆللۈككە توغرا كېلىدۇ. ئۇ تۇر گەۋدىسى، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان قۇرۇلمىسى بىلەن مۇكەممەل، ئىقتىدارى تولۇق ئۇنىۋېرسال ھەربىي ئەسلىھەدۇر.[30]

[30] «شىنجاڭدىكى تۆت جايدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى خارابىسى «دۆلەت دەرىجىسى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى»، شىنجاڭ گېزىتى، 2020\12\01
http://uy.xjdaily.com.cn/system/2020/12/01/036525096.shtml

قىزىلقاغا تۇرى ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 13 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇزلۇق سۇ جىلغىسىنىڭ جىلغا ئېغىزىدىكى سۇ يالىغان تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، نۆۋەتتە، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولىدىكى دەۋرى ئەڭ بالدۇر، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان تۇر خارابىسى ھېسابلىنىدۇ.

مازار تاغ چېگرا قورغىنى خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيەسى كاۋاك يېزىسىنىڭ تۇزلۇقئۇتاق كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، خوتەن دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپى، مازار تاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە ئورۇن ئالىدۇ. چېگرا قورغىنى دەسلەپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، تاغقا يۆلەپ سېلىنغان. بۇ چېگرا قورغىنى مۇھىم ھەربىي ئەسلىھە بولۇپلا قالماي، يەنە ئەينى چاغدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىدۇر.

مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارماقلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش ئۈچۈن 100 مىليون سوم مەبلەغ ئاجراتقان بولسا، 2017 ـ يىلىدىن بۇيان «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسى» ھەر يىلى 22 مىليون 800 مىڭ سوم مەبلەغنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىغۇچىلار ئۈچۈن ئاجراتقان.[31]

## مۇلاھىزە:

كۇلتۇر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالىدىغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقى بولۇپ، ئۇ تارىخىي، بەدىئىي ۋە ئىلمى قىممەتكە ئىگە.

[31]新疆维吾尔自治区中央补助地方公共文化服务体系建设专项资金2019年度绩效自评报告 MB1620703/2020-02622, 2020-06-12.

«كۇلتۇر ئىنسانلارغا خاس بولغان بىر ئۇقۇم، ئۇ تارىخى تەرەققىياتتا بارلىققا كەلگەن بىر مەنە ۋە قىممەت سىستىمى بولۇپ، بىر گۇرۇپپا ئىنسانىنىڭ شەخسى ۋە كوللېكتىپ تۇرمۇشنى چۈشىنىش، تەشكىللەش ۋە قۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان ئېتقاد ۋە ئۆرپ- ئادەت سىستىمىسىدۇر» . [32]

«تارىخي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىقلار شۇنداقلا بۇ ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىقلارنى يارىتىشتا، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈشتە ئىشلىتىدىغان، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سەۋىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قوراللارنىڭ ھەممىسى كۇلتۇردۇر» . [33]

بىر مىللەت مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارقىلىق ئۆتمۈشتىن بېرى داۋام قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋىي قىممەت قارىشىنى، ئۆرپ-ئادەتنى، ئېتىقادىنى، ياشاش ئۆلچىمىنى، تەبىئەت ۋە ئىجىمائىي مۇھىت ئارىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئەجدادتىن ئەجدادقا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىملىكى، ئەنئەنىسى ۋە تارىخىنى داۋام قىلىپ كېلەلەيدۇ. بىر جەمئىيەت ياكى بىر ئىرقنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۇ قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئىرقى قىرغىنچىلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئۆتمۈش ۋە تارىخنى ئۇنۇتتۇرۇش ياكى بۇرمىلاش، ئۆز تىلىدىن رايىنى قايتۇرۇش ،ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يوق قىلىش، ئەخلاق قارشىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش كۇپايىدۇر.

ئۆتمۈشكە، تارىخىغا، ئۆز تىلىغا، ماددىي ۋە مەنىۋي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا، ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە قەدرىيەت سىستېمىلىرىغا مەھكەم ئېسىلغان مىللەت ئاسانلىقچە گۇمران بولمايدۇ ھەم ئۇزۇن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

---

[32] Bhikhu Parekh, Çok kültürlüğü yeniden düşünmek, Phoenix Yayınevi, Ankara 2002.
[33] Türk dil kurumu sözlüğü.

شۇڭلاشقا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى تارىخ سەپىدىن چۈشۈپ قالماسلىقى، ئۆز كىملىكىنى، مەۋجۇدىيەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە بايلىقلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىملىكىدە ئىنتايىن مۇھىم رولى بارلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ختاي سىستېمىلىق ھالدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆزىنىڭ كۈلتۈر- مەدەنىيىتىدىن يىراق تۇتۇش،ئانا تىلىدا ئوقۇشىنى چەكلەش،كۈلتۈر- مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلۈشىگە توسالغۇ بولۇش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقىنى قوغداپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش. ھەتتا مەمۇرىي جازا بېرىش ئۇسۇلى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يوقىتىش سىياسىتى ئېلىپ بارماقتا.

ختاي بۇرۇندىن تارتىپ ئىلان قىلىپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك «ئاق تاشلىق»[34] كىتابىدا، شەرقىي تۈركىستانىنى ختاينىڭ بىر قىسمى، دەپ كەلمەكتە ئىدى. ختاي بۇ سۆزلىرىنى خەلقئارادا ھەقلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا بايلىقلىرىدىن قانداق پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان بولسا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي يادىكارلىقىدىنمۇ شۇنداق پايدىلانماقتا.

## تەكلىپ- تەۋسىيەلەر:

چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئاكادېمىكلەر تارىخىي ماتېرىياللارنى

[34]《新疆的若干历史问题》白皮书, （2019年7月）中华人民共和国　国务院新闻办公室. http://www.gov.cn/zhengce/2019-07/21/content_5412300.htm

ئاساس قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي دېگەندەك «ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى» دېگەن سەپسەتىسىگە قارشى رەدىيە بېرىشى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھېچقاچان خىتاي ھاكىمىيەتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قەلەم ۋە ئەمەلدە كۈرەش ھەم بەدەللەرنى بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلار بىلەن ئىتىراپ قىلدۇرۇشقا كۈچىشى كېرەك.

## ■ توقسۇ ناھىيەسى تارىخ، مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى كۈچەپ قېزىپ، خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرى ئۇسلۇبىدىكى قەدىمىي تۈسىنى نامايان قىلدى[35].

خىتاي 19 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى: «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك» . [36]

توقسۇ ناھىيەسى تەۋەسىدە ھازىر قەدىمىي شەھەر، تۇر، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش خارابىسى، بۇددا ئىبادەتخانىسى، تاش غار، ئۆتكەل قاتارلىق 65 جايدا مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە ئاسارئەتىقە بار بولۇپ، 2013 - يىلى خىتاي مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋېنبو فاكۇلتېتى توقسۇ ناھىيەسىدە «تاڭ سۇلالىسى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئارخېئولوگىيەسى» تۈرىنى باشلىغان ۋە

[35] شىنجاڭ گېزىتى، 1 - 12 - 2020. مۇھىم خەۋەرلەر 4
http://uy.xjdaily.com.cn/shuzibao/newspaper/2020-12-02/07/53-3582595.pdf
[36]中国共产党第十九届中央委员会第五次全体会议公报，http://www.12371.cn/2020/10/29/ARTI1603964233795881.shtml

نەتىجىدە قەدىمىي شەھەرنىڭ قورۇلغان دەۋرىنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1700 يىللار ئىلگىرى غەربىي جىن سۇلالىسى مەزگىلى دېگەن يەكۈننى چىقارغان[37].

## مۇلاھىزە:

خىتاي بۇ تەتقىقات ۋە قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ھەم تارىخىي ئورۇنلارنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنىش ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى ھەقلىق قىلىپ چىقىرىشقا، خەلقئاراغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئەزەلدىن ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشماقتا. ھەتتا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تارىخىي، مىللىي ئۇسلۇبتىكى ئۆي، دۇكان،كوچا ۋە مەھەللىلەرنى يېڭىدىن زامانىۋىي قۇرۇپ چىقىش باھانىسى بىلەن يوق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

## تەكلىپ- تەۋسىيەلەر:

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى سېپىدىكىلەر سىياسەت ئىلمىي بىلەن بىرگە تارىخ، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق پەنلەردىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كەڭ ۋە ئىلمىي ئۇسلۇبتا ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. خەلقئارا ۋە تۈركىيەدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورگانلىرى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى مەھمۇد قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋەملىكە ئامانىسساخان مەقبەرەللىرى (تۈركولوگىيە نۇقتىسىدىن) قاتارلىق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئورۇنلارنىڭ قوغدىلىشى، ھەتتا مۇمكىن بولسا رېمونت قىلىنىشى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، خىتاينىڭ يالغان تارىخ ئويدۇرۇش قىلمىشىغا رەددىيە بېرىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

[37]张鸿墀, 潘莹,蔡国栋,　中国考古学者探寻唐朝“安西大都护府”相关遗迹, 2014-08-12. http://www.kaogu.net.cn/cn/xccz/20140812/47119.html

چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنى شەرقىي تۈركىستان تارىخىي ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قوللاش لازىم.

شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت تارىخىي ئورۇنلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۈزۈپ چىقىش بىلەن بىرگە، بۇ تارىخىي ئورۇنلار ھەققىدىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى ئارخىپ قىلىپ ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**■ خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھرىدە رايونلۇق داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.**

خىتاي 11-ئاينىڭ 18-كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسى ئوغۇساق بازىرىدا «جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق داۋالاش مەركىزى[38]» قورۇلۇشى تۈرىدە ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

بۇ قۇرۇلماقچى بولغان داۋالاش مەركىزىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانا رايونى، ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا رايونى، ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرمۇش رايونى قاتارلىق تۆت چوڭ فۇنكسىيەلىك رايون تەسىس قىلىش پىلانلانغان بولۇپ، جەمئىي 1300 كارىۋات بولىدىكەن. ئىلگىرى سۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر تۈر پۈتكەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالاش مۇلازىمىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، بۇ رايوندىكى ئاممىنىڭ داۋالىنىشى تېخىمۇ قولايلىق ھالەتكە كېلىدىكەن.

[38]«جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشى شىنجاڭ قەشقەردە باشلاندى» خەلق تورى. http://uyghur.people.com.cn/155989/15830332.html

## مۇلاھىزە:

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مىليونلىغان ئىنساننى جازا لاگېرىغا قاماپ قويغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە قىزىلسۇدىكى لاگېرنىڭ سانى، كۆلىمى ۋە بۇ يەرگە قامالغان كىشىلەرنىڭ سانى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا شەھەرلىرىگە قارىغاندا كۆپ سالماقنى ئىگەللىمەكتە.[39] خىتاي لاگېر ئىچىدە ياكى لاگېر سىرتىدا يوقۇملۇق كېسەللىك يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىغا قارشى تەدبىرلەر ئېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. خىتاينىڭ «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئىستراتېگىيەسىدە شەرقىي تۈركىستان مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، شەرقىي تۈركىستاندا يوقۇملۇق كېسەللىك كېلىپ چىقىش ۋە مەزكۇر ئىستراتېگىيەنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى باشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

## تەكلىپ - تەۋسىيە:

تەشكىلاتلار ۋە چەتئەللەردىكى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ داۋالاش مەركىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئىگەللىگەن ئۇچۇرلارنى دوكلات شەكلىدە تەييارلاپ تۇرۇشى كېرەك. (جازا لاگېرى ئۇچۇرلىرىنى توپلاش جەريانىدىكى تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىش لازىم)

[39] Avustralya Stratejik Politika Enstitüsü, Sincan Veri Projesi https://xjdp.aspi.org.au/map/?